# ھەر بىرىڭلارنىڭ دوزاختىكى ۋە جەننەتتىكى ئورنى بېكىتىلىپ بولدى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز: «بەقىئ غەرقەد» قەبرىستانلىقىغا بىر ئادەمنى يەرلىككە قويغىلى چىقتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بىر ھاسا بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ھاسا بىلەن يەرنى جىجاپ تۇرۇپ: «ھەر بىرىڭلارنىڭ دوزاختىكى ۋە جەننەتتىكى ئورنى بېكىتىلىپ بولدى» دېدى، ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ!، ئۇنداقتا بىز پۈتۈلگەن تەقدىرىمىزگە تايانمايلىمۇ؟» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەل قىلىڭلار، ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن پۈتۈلگەن يولدا ماڭىدۇ» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ساھابىلار بىر كىشىنىڭ مېيىتىنى يەرلىكتە قويۇش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ قەبرىستانلىقىغا چىققان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بىر ھاسا بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەرنى جىجىلاپ، غەمكىن پىكىر قىلغاندەك ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ تەقدىرلىرىنى پۈتنۈەتتى، ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى ۋە دوزاختىكى ئورۇنلىرىنى بېكىتىۋەتتى» دېدى، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «بەختسىز بەختسىز بولىدىغان، بەختلىك بەختلىك بولىدىغان، جەننەتكە كىرىدىغانلار جەننەتكە، دوزاخقا كىرىدىغانلار دوزاخقا كىرىدىغان بولۇپ تەقدىر ۋە ھۆكۈم ئىلگىرىلا بەلگىلىنىپ بولغان بولسا نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلىمىز؟، چۈنكى كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەل قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بولىدۇ؟» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ: «ئەمەل قىلىڭلار، ئاللاھ تەقدىر قىلغان ياخشىلىق-يامانلىققا يۈلىنىۋالماي، بۇيرۇلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەمەل قىلىڭلار، جەننەت ئەمەل بىلەن قولغا كېلىدۇ، دوزاخمۇ ئەمەل بىلەن قولغا كېلىدۇ، دوزاخقا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلغانلار كىرىدۇ، جەننەتكە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلغانلار كىرىدۇ، ھەر بىر ئىنسانغا ئۆزىگە پۈتۈلگەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاسانلاشتۇرۇلىدۇ، بەختلىك كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا سائادەتمەن كىشىلەرنىڭ ئەمىلىنى ئاسان قىلىدۇ، بەختسىز كىشىلەرگە ئاللاھ بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئەمىلىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8869